

كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەنى تاماملىغان تەربىيەلەنگۈچى ئايشەمگۈل يولۋاس خېرىدارنىڭ تىرنىقىنى گۈزەللەشتۈرمەكتە. ئايشەمگۈل ئۆگىنىش مەزگىلىدە دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقىنى ئۆگىنىپلا قالماي، يەنە تىرناق گۈزەللەشتۈرۈش تېخنىكىسىنى ئۆگەندى. بۇ يىل يىل بېشىدا، ئۇ ئاقسۇ شەھىرىدە بىر تىرناق گۈزەللەشتۈرۈش دۇكىنى ئاچتى.

□ مۇخبىرىمىز چېن مېيخۇا فوتوسى



مەمەتئېلى ئەخمەتتوختى(ئوڭدا) كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن، قاراقاش ناھىيەسىنىڭ ئاقساراي يېزىسى ئاياغ باغئېرىق كەنتىدە بوغالتىرلىق خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى.

□ مۇخبىرىمىز چېن مېيخۇا فوتوسى

# بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز قۇياش نۇرىغا تولدى

## ــــ كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەنى تاماملىغان تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ تۇرمۇش، خىزمىتىدىن كۆرۈنۈشلەر (1)

## «يەنىلا ئانام ئەتكەن تاماق مەززىلىك»

□ مۇخبىرىمىز جېن شىشىن فوتوسى، خەۋىرى

«بىر قېتىم ئۆيگە قايتقىنىمدا، ئانام ئەمدىلا ئەتكەن لەگمەندىن ماڭا بىر قاچا بەردى. مەن قاچىنى ئېلىپلا يەرگە ئېتىۋەتتىم، تاماق يەرگە چېچىلىپ كەتتى، يەنە ئانامغا قاراپ ۋارقىرىدىم، ئانام كۆڭلى بۇزۇلۇپ يىغلاپ كەتتى».

قاغىلىق ناھىيەسىنىڭ غوجا ئېرىق يېزىسى تۈگمەنبېشى كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ئەمەر ھېكىم ئىلگىرى ئانىسى مەنىسا سەمەتكە ئەدەپسىز مۇئامىلە قىلغانلىقىنى ئەسلىگىنىدە ئىچ ـ ئىچىدىن خىجىللىق ھېس قىلدى. «دادامنىڭ تەسىرىدە، مەن ناھايىتى بۇرۇنلا دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ زەھەرلىشىگە ئۇچراپ، كاللام پۈتۈنلەي ‹غازات قىلىش› ‹جەننەتكە كىرىش› خىيالى بىلەن تولغانىدى...» ئەمەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ ئانىسى دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان بولغاچقا، ئۇ ئانىسى ئەتكەن تاماقنى يېمەيدىكەن، «مۇسۇلمانچە ئەمەس» دەپ قارايدىكەن.

2017 ـ يىلى، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى بىلەن يۇقۇملانغان، باشقىلارنىڭ نورمال تۇرمۇشىغا كاشىلا قىلغان ئەمەر ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ نەسىھەت قىلىشى بىلەن قاغىلىق ناھىيەسىدىكى كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىگە كېلىپ ئۆگەندى. ئەسلىدە ئۇ دۆلەت ئورتاق تىلىنى بىر ئېغىزمۇ سۆزلىيەلمەيدىغان بولغاچقا، ئۆگىنىشتە ئىنتايىن قىينالدى، لېكىن ئوقۇتقۇچى ئەسلا زېرىكمەي، پىنيىن، ھەرپتىن باشلاپ، ئۇنىڭغا بىرمۇبىر ئۆگەتتى. بىر قېتىم ئۇنىڭ بوغۇم ياللۇغى قوزغىلىپ قېلىپ، پۇتى قاتتىق ئاغرىپ كەتتى، ئوقۇتقۇچىسى بىلگەندىن كېيىن، دەرھال ئۇنىڭغا دورا ئېلىپ بەردى. «ئوقۇتقۇچۇم ماڭا دورا سۇرتۇپ قويدى، ماڭا ئۆز تۇغقىنىدەك مۇئامىلە قىلدى.» بۇ ئىشلارنى تىلغا ئالغاندا، ئەمەرنىڭ كۆز چاناقلىرى قىزاردى.

مەكتەپ شەكلىدىكى ئوقۇتۇش، ئاتا ـ ئانىسىدەك غەمخورلۇق قىلىشتىن ئەمەر قايتا ئويلىنىشقا باشلىدى، «پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ تەربىيەسى كۆزۈمنى روشەنلەشتۈردى، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ رەزىل ماھىيىتىنى ئېنىق كۆرۈپ يەتتىم. ئەگەر تەلىم ـ تەربىيەگە قاتناشمىغان بولسام، ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ئىدى».

كېيىن، تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى ئەمەرنى يۇرتىغا قايتىپ لېكسىيە سۆزلەشكە ئورۇنلاشتۇردى، ئانىسى ئۇنىڭغا مەززىلىك لەگمەن ئېتىپ بەردى، قاچىنى قولىغا ئالغان شۇ دەقىقىدە، ئۇ كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ، ئۆكسۈپ يىغلاپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: «يەنىلا ئانام ئەتكەن تاماق مەززىلىك ئىكەن. ھازىر مەن خاتالىقىمنى بىلدىم، سىز مېنى كەچۈرەلەمسىز؟»

«نەدىمۇ ئانىسى ئۆز بالىسىنى كەچۈرمەيدىغان ئىش بولسۇن، سىز خاتالىقىڭىزنى بىلىپ تۈزىتەلىسىڭىز، ئانىڭىزمۇ خاتىرجەم بولىدۇ» دېدى مەنىسا مەمنۇنلۇق بىلەن.

«مەن ھازىر پۈتۈكچىۋادا سۆزلىيەلەيمەن، كەپشەرلەش تېخنىكىسىنى ئىگىلىدىم. مەن ياخشى ئىشلەپ كۆپ پۇل تېپىپ، ئانامغا ياخشى ۋاپادارلىق كۆرسىتىپ، ئىلگىرى ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرىمنىڭ ئورنىنى تولدۇرىمەن» دېدى ئەمەر.



ئەمەر ھېكىم كەپشەرلەنگەن ئورۇننى سىلىقلىماقتا.



ئەمەر ھېكىم ئانىسى بىلەن پاراڭلىشىپ چاقچاقلاشقاچ ئۆيىگە قايتىدىغان كەنت يولىدا كېتىۋاتماقتا.



مەمەتجان مەتنۇر(ئوڭدا) يېتەكلىگەن گۇرۇپپىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش نەتىجىسى ئەڭ ياخشى بولغاچقا، ئۇ ناھايىتى تېزلا سېخنىڭ ئاساسلىق باشقۇرغۇچىسى قىلىپ ئۆستۈرۈلدى، ھازىر ئايلىق كىرىمى 4000 يۈەن ئەتراپىدا. سۈرەتتە: مەمەتجان ئىشچىلارغا يالغان چاچ ياساشنى ئۆگەتمەكتە.

## «ھەربىر كۈنىمىز ئۈمىدكە تولدى»

□ مۇخبىرىمىز شىي لۇڭ فوتوسى، خەۋىرى

لوپ ناھىيەسىدىكى بىر چاچ بۇيۇملىرى كارخانىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش سېخىغا كىرگەندە، مۇخبىرنى شۇ ھامان كۆزگە رايوندىكى ھەر خىل مودا، رەڭگارەڭ چاچ قاپلىملىرى جەلپ قىلدى. ماشىنا ئاۋازى چىقىۋاتقان تەرەپكە قارىغاندا، ھەربىر ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسىدىكى ئىشچىلارنىڭ ھەممىسى جىددىي، ئالدىراش ئىشلەۋاتاتتى. سېخنىڭ ئاساسلىق باشقۇرغۇچىسى مەمەتجان مەتنۇر ئۇياق ـ بۇياققا مېڭىپ كۆزىتىپ، ئۇلارغا لاياقەتلىك يالغان ئۆرۈمە چاچنى قانداق ئۆرۈش توغرىسىدا يېتەكچىلىك قىلىۋاتاتتى.

«ھازىرقى تۇرمۇشۇمدىن، مەن ھەربىر كۈنۈمنىڭ ئۈمىدكە تولغانلىقىنى ھېس قىلىمەن.» مەمەتجان ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «ئەگەر كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە ئۆگىنىش ۋە تەربىيەنى قوبۇل قىلمىغان بولسام، مەن يامان يولدا ماڭغانسېرى يىراقلىشىپ كېتىشىم مۇمكىن ئىدى، ھۆكۈمەت مېنى قۇتقۇزۇۋېلىپلا قالماي، يەنە مېنى يېڭى كىشىلىك تۇرمۇشقا ئېرىشتۈردى».

2017 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، مەمەتجان لوپ ناھىيەسىدىكى كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىگە كەلدى. بۇ جايدا، ئۇ دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقى، قانۇن بىلىملىرى، كەسپىي ماھارەت ئۆگەندى، ھەرقايسى جەھەتلەردىكى ئۇنىۋېرسال تەكشۈرۈپ باھالاشتا لاياقەتلىك بولغاندىن كېيىن تەربىيەنى تاماملاپ، 2018 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ بېشىدا كارخانىغا بېرىپ رەسمىي ئىشقا ئورۇنلاشتى.

«كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە، مەن ئۆزۈمنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش يۆنىلىشىمنى تاپتىم.» مەمەتجان مۇنداق دېدى: «مەن ئىلگىرى ناھايىتى گاڭگىراپ قالغاندىم، قانۇننىمۇ بىلمەيتتىم، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ قايمۇقتۇرۇشىغا ئۇچراپ تۈيۈق يولغا كىرىپ قالغاندىم، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ماڭا قايتا ھاياتلىق پۇرسىتى بەردى. ھازىر كۈندە ياخشى كۆرىدىغان ئىشلارنى قىلىمەن، كۆرەش نىشانىم بار، كۆڭلۈم ناھايىتى خاتىرجەم بولدى».



▲ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن، مەمەتجان مەتنۇر ئوت قالاش، سۇ قايىنتىش، ھويلا ـ ئارانلارنى يىغىشتۇرۇش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى. ئانىسى تۇرسۇننىيازخان چورۇق ئوغلىدىكى كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىشنى كۆرۈپ، ئىچىدە ناھايىتى خۇشال بولدى.



► كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە ئۆگىنىش، تەربىيەلىنىش ئارقىلىق، مەمەتجان مەتنۇر دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقىنى ئۆگىنىشنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يەتتى. ئۇ مۇنداق دېدى: «يەنە تىرىشىپ بىلىم ئۆگىنىشىم كېرەك، مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ماسلىشالايمەن».

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)